# يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ 2015 ـ يىلى ۋە 1937 ـ يىلى

ئاپتورى: چېڭ شى

پەنگۇ ئەقىل ئامبىرىنىڭ ھەيئىتى، پۇل ـ مۇئامىلە دوكتورى

ئوكيان تورى تەرجىمىسى

تارىخ ئەزەلدىن ئاددىيلا قايتىلانمايدۇ، ئەمما كىرىزىسنىڭ ھەممىشە بەك كۆپ ئوخشاشلىق يېرى بولىدۇ، مەيلى دەۋر نەچچە ئەۋلاد ئالماشسۇن، ئادىمىيلىك بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ.

2015 ـ يىلى دەل ئىككىلەمچى قەرز كىرىزىسى 2007 ـ يىلى پارتلىغاندىن بۇيانقى 8 ـ يىلى، ئىككىلەمچى قەرز كىرىزىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان ئالدىنقى قېتىملىق چوڭ كاساتچىلىق 1929 ـ يىلدىن باشلانغان، 1929 ـ يىلدىن 8 يىل ئۆتۈپ 1937 ـ يىلغا كەلگەندە، ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش دەۋرى يەنە بىر قېتىم چېكىنىش دەۋرىگە كىرگەن ئىدى.

2015 ـ يىلىغا يەنە قاراپ باقساق، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە ھالسىزلىنىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقدىن كەلگەن ئۇچۇردا ئاجىز ھىد بار.

ئامېرىكا ئىقتىسادى باشلىنىشىدىلا پەسىللىك مەنپىي ئېشىشقا ئۇچرىدى، ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى يەنە گرېتسىيەنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىدى، ياپونىيە 10 يىللىق يوقىتىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي مۇشكۈلاتقا پېتىپ قالدى، يېڭىدىن گۈللەنگەن بازارلار ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك غەمدە قالدى، خام ئەشيا تاۋارلىرى بازىرى تىمتاسلىققا چۆمدى، پاي بازىرى ئەسەبىيلەرچە ئۆسكەندىن كېيىن پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىپ كەتتى.

ئارقىمۇئارقىدىن كۆرۈلۈپ تۇرغان قاراقۇ ۋەقەلىرىدىن سىرت، يەر شارى ئىقتىسادىدا جانلىنىش نۇقتىسى ئاساسەن كۆرۈلمىدى. جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 2015-يىلى ئەسلىگە كېلىش قوزغىتىلغاندىن كېيىن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر يىل بولىدۇ.

مېنىڭچە بۇ مۇقەررەر، يەر شارى ئىقتىسادى 1937-يىلدىكى مۇساپىنى قايتا باشتىن كەچۈردى خالاس.

2015-يىلى ۋە 1937-يىلى بىر مەيدان چوڭ كىرىزىسىدىن كېيىنكى 8-يىلى، بۇ باسقۇچتا دەل كىرىزىس ئەمەلىي ئىقتىسادقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى ئومۇمىيۈزلۈك گەۋدىلىنىدىغان ھالەتتە تۇرىدۇ، قىسقا مەزگىللىك قوزغىتىش سىياسىتى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان پەيتتە، كونا كۈچلەر قالمىدى، يېڭى كۈچلەر بارلىققا كەلمىدى، ئىقتىسادنىڭ

تەرەققىياتى تەبىئىيلا يۆلەنچۈكسىز قالدى.

ئۇزۇن مەزگىللىك نەزەردىن قارىغاندا، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەگ ئەرزىيدىغىنى يوشۇرۇن ئىشسىزلىق نىسبىتىدۇر، گەرچە پەن-تېخنىكا باشتىن-ئاخىر تېزلىكتە تەرەققىي قىلغان ھەمدە تولۇق ئامىللىق ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تىرىكى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا باشقا ئامىللارنىڭ ئارقىغا سۆرىشى پەن-تېخنىكىنىڭ تۆھپىسىنى زور دەرىجىدە يوققا چىقىرىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە يېتەرلىك ئاساسىمىز بار، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ يوشۇرۇن ئىشسىزلىق نىسبىتى ھازىر ئىشسىزلىق سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئاستىلاش، ھەتتا مۇتلەق توختاپ قېلىشتەك ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭچە، تولۇق ئامىللىق ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالتە سەۋەبى بار:

بىرىنچى، يەر شارىلىشىش زور دەرىجىدە ئاستىلىدى. يەر شارىلىشىش ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى يەر شارى مىقياسىدا چوڭقۇر قايتا تەشكىللىنىشىنىڭ جەريانىدى، يەر شارىلىشىشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى يەر شارى بايلىقىنىڭ ئۈنۈملۈك تەقسىملىنىشىگە پايدىلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە پاراۋانلىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىكى تۈركى كاپالەت.

ئەمما 2015-يىلىدىن بۇيان، يەر شارىلىشىشنىڭ ئاستىلاش ۋەزىيىتى قاتتىق ئېغىرلاشتى، خەلقئارا سودىنىڭ ئېشىشى

ئاجىزلىدى، چېگرا ھالقىغان ئىقتىساد پۇل-مۇئامىلىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ئاجىزلىدى، قورۇقچىلىق پەيدىنپەي ئېقىمغا ئايلاندى.

كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى، 2015-يىلى بىر خىل ئاز كۆرۈلىدىغان بىنورمال ھادىسە كۆرۈلۈشكە باشلىدى، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى، ئېكسپورتتا ئېشىش كۆرۈلمىدى، ھەتتا زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى، بۇ ئەمەلىيەتتە رىقابەتچان كۇرس چۈشۈشىنىڭ بىر خىل پايدىسى يوق ھەمدە ئېقىشچان ھالغا پېتىپ قىلىپ، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇق تەرەققىي قىلىش ئاۋارىچىلىقى كەلتۈرۈپلا قالماي، ئومۇمىي پايدا ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتنىڭ قوش ئۇتتۇرۇپ قويىشىدىكەن تەڭلىكتە قالغان ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىككىنچىدىن، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن تەرەققىيات يارقىن نۇقتىسىنىڭ نۇرى ئۆچتى. يېڭى ئامىل ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچىگە، تولۇق ئامىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ دەۋر مەنەسىگە ۋەكىللىك قىلماقتا. ئەمما 2015-يىلدىن بۇيان، يېڭى ئامىل يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا مۆلچەردىكى تۆھپە ئاتا قىلالمىدى.

بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن گۈللەنگەن بازارلار ئومۇميۈزلۈك مۈشكۈلاتقا پېتىپ قالدى، كېسەل ئالتۇن دۆلەتلەردە رۇسىيە ۋە

بىرازىلىيە زاۋاللىققا يۈزلەندى، جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئېششىمۇ سەۋىيەدىن تۆۋەن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كونتروللىقنى يوقىتىشى بىلەن بىرگە، يېڭىدىن گۈللەنگەن بازارلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچىيىشى پەيدا قىلغان خىرىسقا دۇچ كەلدى، كاپىتال سىرتقا ئاقتى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى تارايدى.

باشقا بىر تەرەپتىن، يېڭى كەسىپ ئىنقىلابى دولقۇن كۆتۈرەلمىدى، قورۇقچىلىق سىياسىتى مۇھىم نۇقتىنى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرگە قاراتقانلىقتىن، قوزغىتىش تەدبىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى نەزەرگە ئېلىشى ناھايىتى تەس، يەر شارى كەسىپ ئىنقىلابىنىڭ ماھىيەتلىك ئىلگىرىلىشى مۆلچەردىكىدىن ئاجىز بولدى.

ئۈچىنچى، پۇل-مۇئامىلىنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولى يوشۇرۇن ئاجىزلىدى. ھازىرقى جەمئىيەت پۇل-مۇئامىلە دەۋرىگە كىردى، پۇل-مۇئامىلە ئەشيا ئېقىمى، ئادەم ئېقىمى، كاپىتال ئېقىمى، ئۇچۇر ئېقىمى بىر گەۋدە بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بايلىق تەقسىملىنىشىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئەمما 2015-يىلىدىن بۇيان، مەيلى بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش بولسۇن ياكى ۋاستىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش بولسۇن ھەممىسى خەتىرى زورىيىش، يوللىرى تارىيىش، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ئاجىزلاش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە.

خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە بازىرى غايەت زور تەۋرەندى، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئەسلىگە كېلىشىنى قوللاش ھەمدە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە سىستېمىلىق خەتەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىللىق ئۇۋا بولۇپ قالدى.

يەر شارى مىقياسىدا پۇل-مۇئامىلە بازىرى مۇھىتى يامانلاشتى، ھايانكەشلىك كەيپىياتى قۇيۇقلاشتى، قىسمەن بازارلار يەنە ئېھتىياج تارىيىش ۋە بازار كاساتلىششتەك يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش شەكىللەندۈرۈپ، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

تۆتىنچى، ئادەم كۈچى كاپىتالىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى كۆرۈنەرلىك يېتىشمەيدۇ. تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىدىكى تەتقىقات ئادەم كۈچى كاپىتالى ئىقتىسادنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئەمما 2015-يىلىدىن بۇيان، ئادەم كۈچى كاپىتالىنىڭ ئېشىشىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىشى بارغانسېرى يەرشارىۋى قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى، ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. نوپۇس چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ نوپۇس ئەۋزەللىكى پەيدىنپەي تۆۋەنلىمەكتە ھەمدە يوقالماقتا، يەر شارى نوپۇسىنىڭ قېرىلىشش مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا؛

2. يەر شارى نوپۇس سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش سۈرئىتى ئاستىلىدى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى نامرات

دۆلەتلەر ياشلىرىنىڭ مائارىپ تەربىيەسى كۆرۈش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، يەنە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا غايەت زور زەربە بەردى، سىنىپلارنىڭ قاتماللىشىشى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ياشلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئېرىشىش پۇرستى ئومۇميۈزلۈك ئازايدى.

3. ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسى ئاجىزلىدى، ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەردە كۆرستىلىشىچە، پۇل-مۇئامىلە كىرىزىسى ھەمدە كىرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت داۋالغۇشى كەڭ ھەمدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى، پۈتۈن يەر شارى ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ۋە سىياسەتنى كونترول قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستېمال خاھىشى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك مەبلەغ سېلىش مۆلچەرىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يوشۇرۇن زەربە بەردى.

بەشىنچى، ئىقتىساد تەرەققىيات ئېتىقادى زەربىگە ئۇچرىدى. ھازىرقى زامان ئىقتىسادى ئەمەلىيەتتە ئادام سىمىس بازار ئىقتىساد نەزەرىيەسى ئۇل تېشى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەيۋەتلىك بىنادۇر، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئىچكى ئېشىشىغا بولغان ئېتىقادى زۆرۈر سېلىنمىنىڭ پايدا مۇمكىنچىلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئەمما 2015-يىلدىن بۇيان، ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان بىر

ئەھۋال بولسا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد ئېتىقادى پەيدىنپەي تەۋرىنىپ قالدى، كىشىلەر، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزلىكىدىن ئەمەلگە ئىقتىدارىدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىدىغان، بازارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە تۇيۇقسىز ئۆلۈش مۇمكىنچىلىكىدىن بارغانسېرى ئەندىشە قىلىدىغان بولدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، ھۆكۈمەتنىڭ كونترول قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى كېينېسئىزم ئاساسىي ئېقىم بولۇشقا باشلىدى، مېدىيالارمۇ ماساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئېقىمىنىڭ يەر شارى پۇل سىياسىتى قارار چىقىرىش قاتلىمىدىكى يېتەكچىلىك كۈچىنى قىزغىن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى، ئىقتىساد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان چىكاگو ئېقىمى كۆنسېرى ئاجىزلاشتى.

بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەۋرىنىشى ئەمەلىيەتتە كەڭ مىكرو گەۋدىلەرنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىغا قاتنىشىش ۋە ئۆزگە ئىشىنىشىنى ئاجىزلاتتى، ئىقتىسادنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئالتىنچى، مۇجەمەللىك ئېشىش داۋامىدا قاشاڭلاشماقتا. مۇجەمەللىك ئىقتىسادنىڭ ئۇزۇن مەزگىل مۇقىم ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىگۈچى ئامىل، زىيادە يۇقىرى مۇجەمەللىك مۆلچەردىكى كىرىمنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە سېلىنما زورۇر ئامىللىرىنى ئاجىزلىتىدۇ.

ئەمما 2015-يىلىدىن بۇيان، يەر شارى سىياسىيسى، ئىقتىسادى، دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى مۇجمەللىك زور دەرىجىدە ئاشتى، جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئويۇنلىرى بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى، يەر شارى مەنپەئەت تالاش-تارتىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ئىقتىساد پۇل-مۇئامىلە تەۋرىنىشى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

مۇجمەللىكنىڭ ئېشىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولغىنى، كىشىلەرنىڭ مۇجمەللىككە بولغان ۋەھىمە يېيىشى ۋە ئاگاھ بولۇشى پەيدىنپەي گاللاشتى، بۇ مۇجمەللىكنىڭ ئۆزلىكىدىن كۆپىيىشىنى قوزغاپلا قالماستىن، يەر شارى ئىقتىساد خەتىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ھالسىز ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەتەرنىڭ زور مىقداردا توپلانغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز مەركەزلىك پارتلىشىغا ئاسارەت قالدۇردى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاستىلىشى ياكى مۇتلەق توختاپ قېلىشى كۈچىنى جىمجىت ھالدا جارى قىلدۇرماقتا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سىياسەتنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە بولغان ئاجىزلاشتۇرۇش رولى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدىكى سىياسەت ماسلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئوخشاش خىلدىكى مۇشكۈلاتقا پېتىپ قالدى: بىرى كېڭىيىشچان مالىيە سىياسىتى قەرز بوغما ھالىتىگە ئۇچرىدى، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاكتىپ

پىشاك قويۇپ ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوزغاتقۇدەك بوشلۇق يوق.

ئىككىنچىدىن، پۇل سىياسىتىنى بوشىتىش تىرىشچانلىقى پەيدىنپەي يوقالدى، يەر شارى ئۆسۈم پىرسەنتى سەۋىيەسى مۇتلەق تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى، پۇل پاخاللىقى بېسىمى كۆرۈنەرلىك بولۇشقا باشلىدى، پۇل سىياسىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوزغىتىشتا ئارمىنى بار دەرمىنى يوق؛

ئۈچىنچىدىن، رىقابەتچان پېرېۋوت نىسبىتى سىياسىتى ئۈنۈمسىز قارشىلىق كۆرسەتتى، پېرېۋوت نىسبىتى كۇرسىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئېكسپورتنى قوزغىتىش تەسىر دائىرىسى يوقالدى، ئومۇمىي ئېھتىياجنىڭ تارىيىشى پېرېۋوت نىسبىتى ئويۇنىنى ئەھمىيەتسىز قىلىپ قويدى.

تۆتىنچىدىن، قۇرۇلمىلىق سىياسەتنىڭ كەڭرىلىكى كەمچىل، ئىقتىسادىي ئېشىش بېسىمغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، قۇرۇلمىلىق تەڭشەش بارغانسېرى تەسلەشتى. ئىككىسى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، يوشۇرۇن ئېشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ كەمچىللىكى سىياسەت كۈچىنىڭ ئۈنۈملۈك تولۇقلىنىشىغا ئېرىشىشكە ئامالسىز قالدى، يەر شارى ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك مۈشكۈلاتتىن ساقلانمىقى ناھايىتى تەس.

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «1937-يىل ئەپسۇنى» پۈتۈن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 2015-يىلىنى قاپلىغان چاغدا تېخىمۇ ئاگاھ بولۇپ، ئۈچ خىل تەپەككۇرنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك:

بىرىنچىسى يوشۇرۇن تەپەككۇر، سىرتقى مۇھىتنىڭ يامانلىششىنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا تاسادىپىي زەربە بېرىشىدىن مۇداپىئەلىنىپ، سىستېمىلىق خەتەردىن ھەرۋاقىت مۇداپىئە كۆرۈشۈش، مۇرەككەپ مۇھىتتا ئىسلاھات ۋە قۇرۇلمىلىق بۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئېشىش يوشۇرۇن كۈچىنى مۇستەھكەملەش ھەمدە قېزىپ چىقىش كېرەك؛

ئىككىنچىسى كۈچلۈك دۆلەت تەپەككۇرى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ پۈتۈن يەر شارى مۇھىتىدىكى ئورنىنى توغرا تونۇش كېرەك، گەرچە جۇڭگو پاي بازىرىنىڭ قاتتىق داۋالغۇشىدەك ۋەزىيەتتە جۇڭگو پاي بازىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىق سادالىرى ئۈزلۈكسىز ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ئېشىشىنىڭ كۈچى نىسپىي ئېيتقاندا ناھايىتى كۈچلۈك، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە ييتەكلەش كېرەك؛

ئۈچىنچىسى پۇل-مۇئامىلە تەپەككۇرىدى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى، خەلقئارا ئويۇننىڭ كۆنسېرى كەسكىنلىشىشىدەك ۋەزىيەتتە، پۇل-مۇئامىلىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا پۈتۈن ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ پۈتكۈل بىخەتەرلىكى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى ئەڭ

ئالىي ئورۇنغا قويۇشتا ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق، ياخشى، جانلىق پۇل-مۇئامىلە ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ، پۇل-مۇئامىلە خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پۇل-مۇئامىلىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭگو ئىقتىسادىنى تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك.

ماقالە ئاپتورى چېڭ شى ئەپەندى پەنگۇ ئەقىل ئامبىرىنىڭ ئىلمىي ھەيئىتى، پۇل-مۇئامىلە دوكتورى

ئوكيان تورى ئېلكىتابچىلىقى